# ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قولى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ، ماڭا دۇئا قىلدى. ئۇ بىر يۈز يىگىرمە يىل ياشىدى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر نەچچە تالدىن باشقا ئاق چاچ يوق ئىدى

ئەبۇ زەيد ئىبنى ئەختەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ، ماڭا دۇئا قىلدى». ئەزرە مۇنداق دېدى: ئۇ بىر يۈز يىگىرمە يىل ياشىدى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر نەچچە تالدىن باشقا ئاق چاچ يوق ئىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قولى بىلەن ئەبۇ زەيد ئىبنى ئەختاب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ھەدىسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھ! ئۇنى گۈزەل قىلغىن ۋە گۈزەللىكىنى داۋاملاشتۇرغىن» دەپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، يەنى: ئى ئاللاھ! ئۇنى گۈزەل قىلغىن، گۈزەللىكىنى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھاياتىغىچە داۋاملاشتۇرغىن. ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەزرە: ئەبۇ زەيد ئەنسارى بىر يۈز يىگىرمە يىل ياشىدى، ئۇنىڭ بېشىدا ئازغىنىدىن باشقا ئاق چاچ يوق ئىدى،- دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنىڭ يۈزى پاقىراپ تۇرىدىغان، قورۇق ۋە داغ-سەپكۈن يوق بولۇپ، بۇ ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇنداق تۇردى، بۇنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ، دۇئا قىلغانلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بولدى،- دېيىلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10955